# 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى
# تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سەپىرى

قورغاس نانچىلىق كەسپلەر باغچىسى:

## ئېكسپورت قىلىش، دۆلەت ئىچىدە سېتىشنىڭ ھەر ئىككىسىدىلا بازار ئىتتىك بولدى

«ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىرىنچى سېپىدە كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىمىز ⑭

☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز جاڭ رۇيلىن، جەزىرە نىسىپبېك

10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى سائەت 11دە، قورغاس نانچىلىق كەسپلەر باغچىسى قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمدى، مەشغۇلات ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ھەربىر ئىشلەپچىقىرىش سېخىدا ئىشچىلار خېمىر يۇغۇرۇش، گۇل بېسىش، تۈرلۈك نان مەھسۇلاتلىرىنى قاقلاپ پىشۇرۇش بىلەن ئالدىراش ئىدى.

«بۇ يەرگە ئون نەچچە كارخانا ئورۇنلاشقان بولۇپ، ھەربىرىنىڭ ئۆزىنىڭ پىششىقلاش سېخى بار. بىزنىڭ سېخىمىزدا ئىشلەپچىقىرىلغان نانلار ئاساسلىقى قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان قاتارلىق جايلارغا سېتىلىدۇ.» قورغاس جىنيى خەلقئارا سودا (گۇرۇھ) چەكلىك شىركىتىنىڭ ئىشخانا مۇدىرى جاڭ شۇلى مۇنداق تونۇشتۇردى: بۇ يىل 6 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى نانچىلىق كەسپلەر باغچىسى ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن بۇيان، شىركەت 390 مىڭدىن ئارتۇق نان، 20 مىڭدىن كۆپرەك لىيبا ئېكسپورت قىلدى.

«چەت ئەللىك خېرىدارلار توردا زاكاز قىلسا بولىدۇ، بىز خېرىدارلارنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىپ، شۇ كۈنىلا خېرىدارلارنىڭ قولىغا يەتكۈزۈپ بېرەلەيمىز» دېدى جاڭ شۇلى.

خاس نان مەھسۇلاتلىرىنىڭ دۆلەت دەرۋازىسىدىن تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ تېز چىقىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، قورغاس تاموژنىسى، تاۋار تەكشۈرۈش قاتارلىق تارماقلار ئېكسپورت يېمەكلىكلىرىنىڭ سۈپىتىنى ئەنگە ئېلىش، تاموژىنا نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش مەيدان ـ سورۇنلىرىنى تەسىس قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى مۇددەتتىن بۇرۇن ياخشى ئىشلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، «يېشىل يول» ئېچىپ، «ئالدىن تەكشۈرۈش، ئالدىن پېچەتلەش، ئالدىن تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈش»تەك ئۆتكەلنى ئېگىلەش مۇلازىمىتىنى يولغا قويۇپ، يېمەكلىكلەرنىڭ ئەڭ تېز سۈرئەتتە تاموژنىدىن ئۆتۈشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

كۆلىمى 70 مودىن ئاشىدىغان نانچىلىق كەسپلەر باغچىسىنىڭ 1 ـ قارارلىق قۇرۇلۇش كۆلىمى 9188 كۋادرات مېتىر بولۇپ، نان مەدەنىيىتى كۆرگەزمە سارىيى، نان ئىشلەپچىقىرىش بازىسى، ساياھەتچىلەر ھېس قىلىش مەركىزى، «بىر بەلباغ، بىر يول» شىنجاڭ خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى كۆرگەزمە قىلىپ سېتىش مەركىزى، تاموژنا ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش مەركىزى قاتارلىق ئون فۇنكسىيەلىك رايون تەسىس قىلىنغان. قورغاس كىچىك كىنە نان ئارقىلىق چوڭ كەسپلەرنى قوزغىتىپ، قورغاسنىڭ يېمەكلىك پىششىقلاش كەسپ قۇرۇلمىسنى ئەلالاشتۇرۇپ، «يول ئىقتىسادى»نىڭ كەسپ ئىقتىسادىغا ئۆزگىرىشىگە تۈرتكە بولۇشنى ئۈمىد قىلدى.

قورغاس كەيجيەن نانچىلىق كەسپى تەرەققىيات چەكلىك شىركىتىنىڭ ئىشخانا مۇدىرى ما خۇيجى مۇنداق تونۇشتۇردى: كەسپلەر باغچىسى «سانائەت + ئېكسپورت سودىسى + ساياھەت» تەرەققىيات ئەندىزىسىنى قوللىنىپ، كۈنىگە 50 مىڭدىن ئارتۇق نان ئىشلەپچىقىرىپ، كۈنىگە ئوتتۇرىچە 2000 ئادەم قېتىمىدىن ئارتۇق ساياھەتچىنى كۈتۈۋېلىپ، شۇ جاينىڭ تاشقى سودىسىنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىچكى بازاردا سېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش جەھەتتە مۇھىم رول ئوينىدى.

«كەسپلەر باغچىسى بازار بۆلۈمى يەرلىكتىكى ۋە ئىچكىرى رايونلاردىكى بازارلارنى ئاساسلىق نىشانلاپ، ئۈمەكلىشىش، زاكاز قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق ساتتى، بۇ يىل جۇڭچيۇ بايرىمىدا يەنە نۇرغۇن يېڭى زاكاز تاپشۇرۇۋالدۇق» دېدى ما خۇيجى.

سىياسەت ئەۋزەللىكى، رايون ئەۋزەللىكى، تاموژنىدىن ئۆتۈشنى قولايلاشتۇرۇش قاتارلىق ئەۋزەللىكلەرگە تايىنىپ، قورغاس نانچىلىق كەسپلەر باغچىسى شۇ جاينىڭ ئەمەلىي ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى قىزىق نۇقتىغا ئايلاندى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، شۇ جايدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئارام ئالىدىغان، مال سېتىۋالىدىغان ياخشى جايى بولۇپ قالدى. شۇ جايدىكى ئاھالە ۋاڭ يۈەننىڭ ئېيتىشىچە، كەسپلەر باغچىسىدا تۈرى مول بولغان ناندىن سىرت، شىنجاڭنىڭ خاس تاۋارلىرى ۋە تاشقى سودا تاۋارلىرىمۇ ناھايىتى تولۇق ئىكەن، بۇ يەر ئۇ دائىم كېلىپ مال سېتىۋالىدىغان ئورۇن ئىكەن.

كۆپ خىل تىجارەت شەكلى شۇ جايدىكىلەرنى تېخىمۇ كۆپ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئورنى بىلەن تەمىنلىدى. يىل بويى پورتتا ئىشلەمچىلىك قىلىدىغان ئۇلان مۇقانبېكنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ يىل ئۇ ئەسلىدە ئىشقا ئورۇنلىشىش، كىرىمىنىڭ يۇقىرىلىقى تەسىرىگە ئۇچرىشىدىن ئەنسىرىگەن ئىكەن، لېكىن كەسپلەر باغچىسى تىجارەتكە كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇ مۇقىم كىرىم مەنبەسىگە ئىگە بوپتۇ.

نان يېقىۋاتقان جەينا ئارىبېكنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشقا زور ئىشەنچىسى بار. «مەن ياقاقان ناننىڭ بىر كۈنلەردە دۆلەت دەرۋازىسىدىن چىقالايدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقماپتىكەنمەن. بۇ يەردە نان ئىشلەپچىقىرىشنا قاتتىق ئۆلچەم بولۇپ، ھەم پاكىز، ھەم مەززىلىك. مەن بۇ يەردە ئىشلەپ، كىرىمىم مۇقىم بولۇپلا قالماي، يەنە تېخنىكا ئۆگىنىۋالدىم.» ئىگىلىنىشچە، بۇ كەسپلەر باغچىسىدا ئىشلەۋاتقان ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىدىكىلەر خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدىكەن.

## مەدەنىيەت بىلەن ساياھەتنىڭ يۇغۇرۇلۇشى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى




☐制图/新疆日报视觉中心 张 永

رەقەم ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ «13 ـ بەش يىل»نى سۆزلەش

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاڭ خېيفېڭ** خەۋەر قىلىدۇ: «13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىز مەدەنىيەت بىلەن ساياھەت كەسپىنىڭ يۇغۇرۇلۇش سالمىقىنى ئۈزلۈكسىز زورايتىپ، ساياھەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇش بىلەن بىللە، مەدەنىيەت كەسپىنىڭ زور تەرەققىياتىنى تېزلەتتى. ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت ۋە ساياھەت نازارىتىنىڭ سانلىق مەلۇماتىدا كۆرسىتىلىشىچە، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت كەسپى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش بازىسى 2016 ـ يىلدىكى 93تىن كۆپىيىپ 2019 ـ يىلى 112گە يېتىپ، جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭغا تارقالغان. ئۇلار مەدەنىيەت كەسپى توپلاشقان رايون بولۇپلا قالماي، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ساياھەتچىلەر تەلپۈنىدىغان قىزىق نۇقتا مەنزىرە رايونى بولغان.

«13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايون يېپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى مەدەنىيەت، پەن ـ مائارىپ مەركىزى قۇرۇلۇشىنى چۆرىدەپ، «ئاپتونوم رايوننىڭ مەدەنىيەت كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مەخسۇس تۈر يىرىك پىلانى (2016 ـ 2020)»نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، شىنجاڭنىڭ خاس مەدەنىيەت كەسپىنى يۆلەش مەبلىغى تەسىس قىلدى، ئاپتونوم رايون 43 مىليون 900 مىڭ يۈەن مەدەنىيەت كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مەخسۇس تۈر مەبلىغى ئاجرىتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت ـ ساياھەت كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى يۆلەشكە ئىشلىتىپ، بىر تۈركۈم مەدەنىيەت ـ ساياھەت كەسپىدىكى نۇقتىلىق تۈر قۇرۇلۇشلىرىغا مەدەت بېرىپ، مەدەنىيەت كەسپى باغچە رايونى قۇرۇلۇشىنىڭ سۈرئىتىنى تېزلەتتى. نۆۋەتتە، پۈتۈن شىنجاڭدا دۆلەت دەرىجىلىك مەدەنىيەت كەسپى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش بازىسىدىن توققۇزى بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈرۈمچى چىڭاڭ كوچىسى ئىجادىيەت كەسپى توپلاشقان رايونى ۋە شىنجاڭ خەلقئارا چوڭ بازارنىڭ ھەر ئىككىسى جۇڭگو مەدەنىيەت كەسپى باغچە رايونى بويىچە 100 كۈچلۈك تىزىملىككە تاللاپ كىرگۈزۈلدى.

شىنجاڭ تارىخىي مەدەنىيەت ۋە مىللەتلەر مەدەنىيىتى توپلانغان جاي. مەدەنىيەت بىلەن ساياھەتنىڭ چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەرقايسى جايلار مۇنەۋۋەر تارىخىي مەدەنىيەت ۋە رەڭگارەڭ مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ ياردىمىدە، يېڭى ساياھەت قىزىق نۇقتىلىرىنى ئۈزلۈكسىز بەرپا قىلىپ، يېڭى ساياھەت ھالىتىنى تەرەققىي قىلدۇردى؛ مەدەنىيەت كەسپىمۇ ساياھەتچىلىكنىڭ ياردىمىدە، كەسپ دەرىجىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردى. شىنجاڭ خەلقئارا چوڭ بازار ئەڭ دەسلەپتە «شىنجاڭنىڭ خاس مەھسۇلاتلىرى توپلانغان جاي» ئىدى، مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز كىرگۈزۈلۈشى، مەدەنىيەت كېپىياتىنىڭ ئۈزلۈكسىز يارىتىلىشىغا ئەگىشىپ، دۆلەت دەرىجىلىك مەدەنىيەت كەسپى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش بازىسى قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. بۇ گۈڭنى كۈندە، ساياھەتچىلەر ياخشى كۆرىدىغان «ۋاڭخۇڭ» داكا جاي بولۇپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە ئەڭ چوڭ مەدەنىيەت ئىجادىيىتى مەھسۇلاتلىرى يىغىلىش ـ تارقىتىش ئورنى بولۇپ قالدى، نەچچە مىڭ خىل كۆزنى قاماشتۇرىدىغان، كۆرۈپ تۈگەتكۈسىز مەدەنىيەت ئىجادىيىتى مەھسۇلاتى دەل شىنجاڭ مەدەنىيەت كەسپىنىڭ زور تەرەققىياتىنىڭ جانلىق نامايەندىسى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، پۈتۈن شىنجاڭ ساياھەتچىلىكىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى مەدەنىيەت كەسپىنىڭ تۈرتكۈچىسىگە ئايلاندى. ئارقا ـ ئارقىدىن كەلگەن ساياھەتچىلەر تۈرلۈك مەدەنىيەت ئىجادىيىتى مەھسۇلاتلىرىنى بازار تاپقۇزۇپ، يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان بىر قىسىم غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تۈرلىرىنى قايتىدىن ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىپلا قالماي، يەنە تەرەققىي قىلدۇرۇپ چوڭ كەسپكە ئايلاندۇردى. ئەتلەس توقۇش، بوياش ھۈنىرى دۆلەت دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تۈرى بولۇپ، ئەتلەس يۇرتى ـــ خوتەن شەھىرىنىڭ جىيا يېزىسىدا ھەممە ئائىلە دېگۈدەك بۇ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسىغا ۋارىسلىق قىلىشقا قاتناشتى. چۈنكى دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىن كەلگەن ساياھەتچىلەر بەس ـ بەستە بۇ يەرگە كېلىپ «داكا قىلدى»، ئەتلەس شۇ جايدىكى پۇقرالارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىدىكى چوڭ كەسپكە ئايلاندى.

ھەر مىللەت پۇقرالارنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشى ئۈزلۈكسىز يېڭى مەدەنىيەت كەسپ ھالىتىنى بارلىققا كەلتۈردى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بەندىڭ كىتابخانىسى، زوبېيەن يوۋبېيەن كىتابخانىسى ۋەكىللىكىدىكى بىر تۈركۈم يېڭىچە شەكىللىدىكى كىتابخانىلار ۋە تۈرلۈك يېڭىچە شەكىلدىكى كىنو شەھەرچىلىرى يامغۇردىن كېيىنكى بامبۇك نوتىسىدەك جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدا بارلىققا كېلىپ، پۇقرالارنىڭ مەدەنىيەت، ئىستىراھەت تۇرمۇش سۈپىتىنى ئۆستۈردى، شۇنداقلا ئىقتىسادنىڭ يېڭى ئېشىش نۇقتىسىغا ئايلاندى.

## بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى خىزمىتى يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىي قىلدى

رەقەم ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ «13 ـ بەش يىل»نى سۆزلەش

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز رېن خۇا خەۋەر قىلىدۇ: «13 ـ بەش يىل»دىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى كۈچلۈك رايونى قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى يارىتىش، ئىشلىتىش، قوغداش، باشقۇرۇش ۋە مۇلازىمەت قىلىش سەۋىيەسىنى تېز ئۆستۈرۈپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇردى. «13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە پاتېنت ئىلتىماس قىلىش مىقدارى ۋە پاتېنت ھوقۇقى بېرىش مىقدارى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا «12 ـ بەش يىل» مەزگىلىدىكىنىڭ 1.64 ھەسسىسى ۋە 1.69 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى.

«13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايون رىغبەتلەندۈرۈش سىياسىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، سۈپەت يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى يارىتىشنى مۇقىملىق ئاساسىدا تەڭشىدى، ئەلالاشتۇردى. ھازىرغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە 23 پاتېنت جۇڭگو پاتېنت مۇنەۋۋەر مۇكاپاتىغا، ئىككى تۈرلۈك پاتېنت جۇڭگو پاتېنت ئالتۇن مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 2019 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىگىچە، تاۋار ماركىسى ئۈنۈملۈك روييخەتكە ئېلىش مىقدارى 185 مىڭ 900 بولۇپ، روييخەتكە ئېلىنغان تاۋار ماركىسى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 27.89% ئاشتى. بۇ يىل 6 ـ ئايغىچە، شىنجاڭ «تۇرپان ئۈزۈمى» قاتارلىق 38 دۆلەت جۇغراپىيەلىك بەلگە قوغدىلىدىغان مەھسۇلات، «كورلا نەشپۈتى» قاتارلىق 89 جۇغراپىيەلىك بەلگە تاۋار ماركىسىغا ئىگە بولدى.

«13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايون مالىيە مەبلىغىنىڭ يېتەكلەش رولىنى سىجىل جارى قىلدۇرۇپ، جەمئىي 59 مىليون يۈەن مالىيە مەبلىغى ئاجرىتىپ، 195 يۇقىرى سۈپەتلىك پاتېنتنى يولغا قويۇش تۈرىنى قوللاپ، كارخانىلارنى بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى ئەۋزەللىكىنى رىقابەت ئەۋزەللىكىگە ئايلاندۇرۇشقا يېتەكلىدى ۋە قوللىدى. 84 كارخانا بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى دۆلەت ئۆلچىمىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئېتىراپنامىسىدىن ئۆتتى، تۆت كارخانا دۆلەتنىڭ بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش كارخانىلىرىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىشىدىن ئۆتتى، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىدىن پايدىلىنىشتا بىرقەدەر زور بۆسۈش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

ئاپتونوم رايون يەنە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئوتتۇرا، كىچىك، ئۈششاق كارخانىلارنىڭ پاتېنت ھوقۇقى رەنىلىك خەۋپ ـ خەتەر تۆلەم تولۇقلىمىسى پۇلىنى باشقۇرۇش چارىسى (ۋاقىتلىق يولغا قويۇلىدۇ)» «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئوتتۇرا، كىچىك، ئۈششاق كارخانىلارنىڭ پاتېنت ھوقۇقى رەنىلىك قەرز پۇلىغا ئۆسۈم ياردىمى بېرىش چارىسى (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدۇ)» قاتارلىق سىياسەت ھۆججەتلىرىنى چىقاردى، 2016 ـ يىلدىن 2019 ـ يىلغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە رەنىگە قويۇلغان بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى 50، ئومۇمىي سوممىسى 1 مىليارد 820 مىليون يۈەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە پاتېنتنى رەنىگە قويۇپ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشتە تارىخىي خاراكتېرلىك بۆسۈش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

«13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايون پاتېنتنى قوغداش سالمىقىنى روشەن كۈچەيتىپ، پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئۈچۈن ياخشى تىجارەت ـ سودا مۇھىتى ياراتتى. «بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى» قاتارلىق بىرقاتار ھۆججەتلەرنى تۈزۈپ ئېلان قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداشقا ياردەم بېرىش مەركىزى، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش مەركىزى قۇرۇلۇشىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتتى. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە «كۆك ئاسمان» پاتېنت ۋاكالەتچىلىكى كەسپىنى مەخسۇس تۈزەش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىدا ھوقۇققا دەخلى ـ تەرۇز قىلىش، ساختىلىق قىلىشتەك قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارغا قاتتىق زەربە بېرىپ، ۋاكالەتچىلىك كەسپىنىڭ تەرتىپىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، ھوقۇق ئىگىسى ۋە ئىستېمالچىلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى ئۈنۈملۈك قوغدىدى، بازار تەرتىپىنى قوغدىدى.




☐制图/新疆日报视觉中心 陈 潇

(بېشى 1 ـ بەتتە)

نەنچاڭدا تىجارەت قىلىۋاتقان شىنجاڭلىق ئۇيغۇر ياش ئابدۇللا غوجھاشىم يەرلىك ئاھالە بىلەن بىر ـ بىرىنىڭ ھالىغا يېتىپ، كۆڭۈل بىلەن كۆڭۈلنى ئۇتۇپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، جياڭشى ئۆلكىسى تەرىپىدىن «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىدىكى نەمۇنىچى» بولۇپ باھالاندى. شىنجاڭ گېزىتى بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، زىيارەت گۇرۇپپىسىنى كېچىك ئەترىتىنى كېچىلەپ نەنچاڭغا بېرىپ زىيارەت قىلىشقا ئەۋەتتى، ھەم خەۋەر قىلىش ئۇسۇلىدا يېڭىلىق يارىتىپ، شىنجاڭ ـ جياڭشى ئىككى جايدىكى ئۆلكە دەرىجىلىك پارتىيە گېزىتلىرى ئۆلكە ھالقىپ ماسلىشىش، پۈتۈن تاراتقۇلار بىرلىشىپ ھەردەكەتلىنىش ئارقىلىق، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى تىپىك شەخسلەرنى بىرلىكتە خەۋەر قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ دەۋر ئاساسىي مېلودىيەسىنى جانلىق ئەۋج ئالدۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللىتى بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش ئۆلگىسىنى تىكلىدى. بۇ ئەسەرنىڭ ئاساسلىق ئىجادىيەتچىلىرىنىڭ بىرى بولغان لى چۈنشىيا مۇنداق دېدى: ياخشى ئاخبارات ئەسىرىدە ئوتتەك قىزغىن تۇرمۇشنى خەۋەرنىڭ باش تېمىسى قىلىپ، ئادەتتىكى پۇقرالارنى خەۋەرنىڭ باش پېرسوناژى قىلىپ، «ئاساسىي قاتلامغا بېرىش، ئىستىلنى ياخشىلاش، يېزىقچىلىق ئىستىلىنى ئۆزگەرتىش» پائالىيىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش داۋامىدا، خەلق ئۈچۈن يېزىش، دەۋرنى كۈيلەش كېرەك.

2019 ـ يىللىق شىنجاڭ ئاخبارات مۇكاپاتىنى باھالاش نەتىجىسى يېقىندا ئېلان قىلىندى، جەمئىي 563 پارچە ئاخبارات ئەسىرى مۇكاپاتقا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالاھىدە مۇكاپات ئۈچ پارچە، 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپات 92 پارچە، 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپات 148 پارچە، 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپات 320 پارچە. شىنجاڭ گېزىتىنىڭ «بارچە خەلق چالدى ساز، يۈتيەنمۇ بار بۇ نەغمىدە ـــ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىغا بېغىشلايمىز» «مەڭگۈ پارتىيە ۋە خەلق بىلەن بىللە بولۇش ـــ شىنجاڭ گېزىتى نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى خاتىرىلەيمىز» ناملىق ئەسەرلىرى ئالاھىدە مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك، تۈرلۈك ئاخبارات تاراتقۇلار كۆرستىش، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى ئورۇنلار يوللاش ئارقىلىق، ئاپتونوم رايونلۇق ئاخباراتچىلار جەمئىيىتى ئاخبارات ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىس، ئالىملارنى تەشكىللەپ باھالاپ چىققان 2019 ـ يىللىق ئاپتونوم رايون بويىچە ئون مۇنەۋۋەر ئاخبارات خىزمەتچىسىنى باھالاش نەتىجىسى يېقىندا ئېلان قىلىندى. شىنجاڭ گېزىتخانىسى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى كېچىلىك ئىسمىنا مۇھەررىرى خالىدە ئوبۇل، شىنجاڭ رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تېلېۋىزىيە ـ ئاخبارات مەركىزى سىرتقا ماقالە تارقىتىش بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى خۇاڭ تاۋ قاتارلىق نەتىجىسى گەۋدىلىك بولغان بىرىنچى سەپتىكى ئون ئاخبارات خىزمەتچىسى بۇ شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى. ئۇلار ئۆز خىزمەت ئورنىدا جەمئىيەت مەسئۇلىيىتىنى چىڭ ساقلاپ، كەسپ روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، كەسپ ئەخلاقىغا رىئايە قىلىپ، ئىش ئورنىنى سۆيۈپ، كەسپنى قەدىرلەپ، شەخسىيەتسىز تۆھپە قوشۇپ، نەتىجىسى گەۋدىلىك بولۇپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ كەڭ ئېتىراپ قىلىشى ۋە ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى، ئۇلار پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاخبارات خىزمەتچىلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىللىرى.

**گېزىتىمىز خەۋىرى** جۇڭگو ئاخباراتچىلار جەمئىيىتى 11 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى 2020 ـ يىللىق جۇڭگو ئاخبارات خىزمەتچىلىرىگە ياردەم بېرىش تۈرى ياردەم بېرىش تىزىملىكى ۋە سوممىسىنى ئېلان قىلدى، شىنجاڭدىن ئۈچ ئاخبارات خىزمەتچىسى 90 مىڭ يۈەن ياردەمگە ئېرىشتى. بۇ، جۇڭگو ئاخباراتچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئاخبارات خىزمىتى ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش سەۋەبىدىن خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولغان، يارىلانغان، مېيىپ بولغان ياكى ئېغىر كېسەللىككە گىرىپتار بولغان ئاخبارات خىزمەتچىلىرىگە ياردەم بەرگەن 7 ـ يىلى. يەتتە يىلدىن بۇيان، شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ئاخبارات ئورۇنلىرىدىكى 19 ئاخبارات خىزمەتچىسى ياردەمگە ئېرىشتى، ياردەم سوممىسى 900 مىڭ يۈەن بولدى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)